«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» تېررورىزم بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ

□ جېڭ يەن

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2019 - يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. ھالبۇكى، جۇڭگو ساقچى تەرەپ بېكىتىپ ئېلان قىلغان تېررورچى ئۇنسۇر دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ، شىنجاڭغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بوھتان چاپلاپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە دىنىي زىددىيەتكە قۇتراتتى، بۇنىڭغا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ.

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، بىز «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ھەم ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى: 2017 - يىلى 2 - ئاي ۋە 5 - ئايدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ كاتىپبېشى دولقۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالىي سىپرۇس ۋە گېرمانىيە بېرلىندا ئىككى قېتىم ئاتالمىش «ئىستراتېگىيەلىك مۇھاكىمە - تەتقىقات يىغىنى» ئېچىپ، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قوراللىق كۈچ قۇرۇپ، شىنجاڭدا زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ 2018 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ سابىق كاتىپبېشىنىڭ بىرى سېيىت تومتۇلۇق 400 «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرىنى باشلاپ ھەربىي فورما كىيىپ، قورال ئېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىننى لېنتىغا ئېلىپ، دۆلىتىمىزگە قارىتا تېررورلۇق ھۇجۇمى قوزغايمىز، دەپ جار سالغان؛ 2019 - يىلى 3 - ئايدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ سابىق كاتىپبېشى رابىيە توردا بىر بۆلەك ئۈن ئېلان قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۈرىيەگە «غازات» ئۇنسۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقان؛ بۇنىڭدىن باشقا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» يەنە «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» بىلەن بىرلىشىپ، مىسىردىكى جۇڭگو شىنجاڭلىق تېررورچى ئۇنسۇرلارنى گوللاندىيە، تۈركىيەگە يۆتكەشكە ياردەم بەرگەن، مالايسىيا، تايلاند قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگو شىنجاڭلىق تېررورچى ئۇنسۇرلارنى تۈركىيەگە يۆتكەشكە ياردەم بېرىپ، تۈركىيە ئارقىلىق سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزۈپ «غازات»قا قاتناشتۇرغان...

بىر قاتار ئالامەتلەر شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئىزچىل «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى پىلانلىغان، تېررورىزم بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ بۇنداق غالجىرلىشىپ ئېشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھەرخىل نامدىكى «فوندى جەمئىيەت»لىرىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر دەل پەردە ئارقىسىدىكى چوڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى. ئامېرىكا دۆلەت دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى (NED)نىڭ يىللىق ياردەم مەبلەغ تۈرى ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، NED «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا مەبلەغ ياردەم بېرىشنى سىجىل زورايتقان. 2017 - يىلى NED نىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا بەرگەن ياردەم مەبلەغ سوممىسى 556 مىڭ دوللار، 2018 - يىلى 669 مىڭ دوللار، 2019 - يىلى 960 مىڭ دوللار بولغان. NED ئۆزىنى پارتىيەسىز گۇرۇھ، ھۆكۈمەتسىز ئاپپارات دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەبلىغى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ پۇل ئاجرىتىشىدىن كېلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ فوندى جەمئىيەت «ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات» تونىغا ئورنىۋېلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر قىسىم نومۇسسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇكرائىنادىن ۋېنېزۇئېلاغىچە، ئىراندىن بىرمىغىچە، بۇ دۆلەتلەردە پارتلىغان ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى ياكى «رەڭلىك ئىنقىلاب»لارنىڭ ئارقىسىدىمۇ NEDنىڭ كۆلەڭگىسى بار.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، تېررورچى كۈچلەر بىلەن مۇشۇنداق ئوچۇقتىن - ئوچۇق تىل بىرىكتۈرگەن «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئويلىمىغان يەردىن يەنە ئامېرىكا يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ يانتاياق بولۇشىغا ئېرىشكەن. بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى پېلوس، NEDنىڭ رەئىسى كارل گېرشمان قاتارلىقلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسىدا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ كاتىپبېشى دولقۇن ئەيساغا 2019 - يىللىق «دېموكراتىيەگە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى» بەردى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئامېرىكىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىغا دۇنيانىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى» يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى شۆ رۇيفۇ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى جىم ماگوۋون قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى سىياسەتۋازلار يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى ھەم بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى زورايتىشنى ھە دەپ مۇراجىئەت قىلدى. بۇ، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»نى پەش قىلىدىغان ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور كۈلكىلىك ئىش.

جۇڭگو شىنجاڭ رايونى ئۇزاقتىن بۇيان تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتى ۋە خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، ئۈزلۈكسىز يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرى ئاۋامنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە مال - مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. ھازىر، شىنجاڭ مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ»، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى تۈپتىن تۈگىتىپ، يېنىكرەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەپ، قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى. ھازىرغىچە شىنجاڭدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى.

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كۈچلەرگە قايتا نەزەر سالساق، ئۇلار ئۈزلۈكسىز ھالدا جۇڭگونىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئالاقىدار دۆلەتلەر يەنىلا ئۇلارنى ئاستىرتىن قانات ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا يول قويۇۋاتىدۇ ھەم مەبلەغ ياردىمى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. بىز بۇ دۆلەتلەرنىڭ دەرھال «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈچ خىل كۈچ»كە ھەرقانداق شەكىلدىكى مەبلەغ ياردىمى بېرىش ۋە قوللاشنى دەرھال توختىتىشنى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ھەرقانداق شەكىلدە ئارىلىشىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ئاساسىمىز بار. ئۇلار تېررورلۇق، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قوللاپ، ھەم باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ، ھەم ئۆزىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز بېشىغا چىقىدۇ

□ زېڭ شياڭخۇڭ

تېررورىزم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق خەۋپى. ھالبۇكى، تېررورىزمغا قارىتا يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى، مەيلى خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش سۆزىدە بولسۇن، ياكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قاتلىمىدا بولسۇن، باشتىن - ئاخىر روشەن «قوش ئۆلچەم»نى يولغا قويدى. بۇ خىل قىلمىش يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۆلچىمىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، خەلقئارا تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىغا روشەن زەربە بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېررورىزمنى ئۈنۈملۈك تۈزەشكە توسقۇنلۇق قىلدى. مەسىلەن: سۆز قاتلىمىدا، ئامېرىكا ياكى ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ئاساس قىلىپ ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنىلا كۆزلەپ، ئىتتىپاقداشى ۋە ئىتتىپاقداشى بولمىغان دۆلەتلەردە يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمىغا تامامەن پەرقلىق پوزىتسىيەدە بولدى. ھالبۇكى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئامېرىكا تېخىمۇ رەزىللىك قىلدى، مەسىلەن: تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلدى، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا مۇتتەھەملىك بىلەن ئارىلاشتى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئالمىشىشىنى ئاددىي، قوپال ھالدا كونترول قىلدى. «قوش ئۆلچەم» بىلەن خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمنى ئىدارە قىلىش ئىنتىپاقلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى يەنە كۆپ ھاللاردا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتنى قوزغاپ، ئۆزىنى ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز بېشىغا چىقىدۇ.

ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش سۆزىدە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئادەتتە ئۆزلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ئاساس قىلدى، ھالبۇكى، ھەممە ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئاساس قىلمىدى، ئايرىم دۆلەتلەردە يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس قايتۇردى. مەسىلەن: ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن دۆلەتلەر ياكى رايونلار — ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى — يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرىگە قارىتا، كۆپ ھاللاردا ئامېرىكىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى ياكى دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇش كەيپىياتىنى نامايان قىلدى؛ ھالبۇكى ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرقەدەر يىراق ياكى رىقابەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرىگە قارىتا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن جەمئىيەت ئاممىۋى پىكرى ھەمىشە سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى، ھەتتا بەختسىزلىكتىن خۇشال بولۇش تۇيغۇسىمۇ كەم بولمىدى. مىسالغا ئالساق، مەسىلەن: ئامېرىكا (ئالياسكىنىڭ سىرتىدىكى رايون)، كانادا، غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ياۋروپا، ئىسرائىلىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەت ياكى رايونلاردا تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى ياكى ئاممىۋى پىكرى غەم - ئەندىشىدە قالدى ھەم تېررورلۇق ھۇجۇمىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا قارىتا ھېسداشلىق قىلىش ياكى ئىتتىپاقلىشىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئالياسكىسى، مېكسىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر، شەرقىي ياۋروپا، كورېيە، جەنۇبىي ئافرىقا، ھىندىستان ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەت ياكى رايونلاردا تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەلىرى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى ياكى ئاممىۋى پىكرى گەرچە ئىتتىپاقلىشىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسىمۇ، بىراق دىققەت قىلىش ياكى ھېسداشلىق قىلىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى. جۇڭگو، رۇسىيە، ۋېنېزۇئېلا، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى ۋە زور بىر قىسىم ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ياكى رايونلاردا يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇملىرىغا قارىتا، غەرب دۆلەتلىرى كۆپ ھاللاردا تېررورچىلار ياكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى ناھايىتى ئاز ئەيىبلىدى، ئەكسىچە تۈگمىدىن توك ئۈندۈرۈپ، بۇ دۆلەتلەر ياكى رايونلارنى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى» مەۋجۇت دەپ ئەيىبلىدى. ئافغانىستان، ئىران، موڭغۇلىيە، پاكىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەت قاتارلىق جايلاردا يۈزبەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمىغا كەلسەك، تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ كۆلىمى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە بولمىسىلا، ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇنىڭغا چوڭقۇر دىققەت قىلمىدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەش، پاكىتنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە ھۇجۇم قىلىش ۋە كەلسە - كەلمەس باھا بېرىش ئامېرىكا ئاممىۋى پىكرى مەيدانىغا نىسبەتەن دائىملىق ھالەت.

ئامېرىكا پوزىتسىيە ۋە سۆز جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرگە ھاكاۋۇرلۇق، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۆزى بىلگىنىچە تەلۋىلەرچە ئىش قىلدى. ئۆزىنى دۇنيانىڭ «دېموكراتىيە مايىكى» ۋە «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ قارىغاچقا، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئۆلچىمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىب قىلدى ۋە كېڭەيتتى ھەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزلىرى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلدى دەپ بېكىتكەن دۆلەتلەرنى يولسىزلىق بىلەن ئەيىبلىدى ياكى خالىغانچە جازالىدى، بەزىدە ھەتتا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان خەلقئارا مېخانىزمغا تايىنىپ كۆپ تەرەپلىك جازانى يولغا قويدى. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار يېتەكچىلىك قىلىپ قانات يايدۇرغان «يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى» بىر مەيدان «كۆز قاراش ئۇرۇشى» بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئامېرىكا چوقۇنىدىغان دېموكراتىيە قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تېررورىزمنى مەنبەدىن تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىش ئىكەن. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر «كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، ماھىرلىق بىلەن ئىدارە قىلىشنى يېتىلدۈرۈش، شەخسىي سىر ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىخەتەر ۋە ئاشكارا بولۇشقا ۋەدە بېرىش، قانۇنچىللىقنى قوغداش»نىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك «يادرولۇق ئىدىيەسى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. ھالبۇكى، بۇ ئاتالمىش «دۇنياۋى قىممەت»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش جەريانىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىدا ئەكسىچە چوڭقۇر ئۆزئارا زىتلىق ئەكس ئەتتى. بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇراجىئەت قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىبارسىز قارىدى ھەم ئۇنى دەپسەندە قىلدى. ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇققا كەينى-كەينىدىن دەخلى - تەرۇز قىلدى، باشقا دۆلەت پۇقرالىرىغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، ھەتتا ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىغا بولغان مۇئامىلىدىمۇ ئوخشاشلا كىشىلىك ھوقۇقنى مەنسىتمەسلىك ياكى دەپسەندە قىلىش جاۋابكارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. مەسىلەن، 2001 - يىلى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ماقۇللانغان «ۋەتەنپەرۋەرلەر قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇققا ۋە پۇقرالارنىڭ شەخسىي سىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان نۇرغۇن ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەيدانى روشەن ساختىلىققا ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا «تۈرلۈك چىرايلىق ناملار» بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن شوئاردىن 21 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دېموكراتىيە - تىنچلىق نەزەرىيەسى» «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوغدىنىش ھوقۇقى نەزەرىيەسى» ۋە «قوغداش مەسئۇلىيىتى» قاتارلىق نەزەرىيە ياكى ئۇقۇملارغىچە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى باشتىن - ئاخىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى چەكلەپ، شۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرگە ھەربىي ئارىلىشىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى ئىزدىدى. مەسىلەن، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوغدىنىش ھوقۇقى نەزەرىيەسى»گە ئاساسەن، ئامېرىكا 2001 - يىلى ۋە 2003 - يىلى ئافغانىستان ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتكە قارىتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەربىي ھەرىكىتىنى قوللىنىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئىراقتا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى تاپالماي، ئاخىر دۇنيا ئاممىۋى پىكرىنىڭ تەنقىدىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى؛ شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» بۇ ئىككى دۆلەتتە يۈزبەرگەن سىياسىي داۋالغۇش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ دۆلەتلەردە مۇقىملىق ئىشقا ئاشمىدى، ئەكسىچە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى توختىماي يۈزبەردى.

«تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش

سىستېمىلىق نەزەرىيە ياكى ئۇقۇم تىرىكى تېپىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر يەنىلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان «سەۋەب»لەرنى تاپالايدۇ. مەسىلەن، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ھوقۇق بايلىقى ۋە سۆز قىلىش بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، غەرب دۆلەتلىرى بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە «غەيرىي ئىگىلىك ھوقۇق» «ساختا ئىگىلىك ھوقۇق» «يېرىم ئىگىلىك ھوقۇق» دۆلىتى بەلگىسىنى چاپلاپ، شۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا خالىغانچە دەخلى - تەرۇز قىلىش ياكى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى باھانە بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە يۈزبەرگەن «جەمئىيەت داۋالغۇشى» «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش» «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق» قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھەربىي ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا تۈرتكە بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئامېرىكا باشقا دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، يەمەن، سومالى، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر چېگراسى ئىچىدە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرانىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق زومىگەرلىك ۋە قارامىلىق بىلەن قوللانغان تەدبىرلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئۆچمەنلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، تېررورچىلارنىڭ ئادەم توپلىشىنى جەمئىيەت پسىخىكا تۇپرىقى بىلەن تەمىنلىدى.

ئەڭ رەزىل بولغىنى شۇكى، ئامېرىكا كۆپ ھاللاردا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئالمىشىشىنى كونترول قىلدى، بۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش جەريانىدا ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشنىڭ تەس بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەب. قىممەت قارىشى جەھەتتە، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ غەربتىن پەرقلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈمى، تەرەققىيات يولى، مەدەنىيەت پەرقى قاتارلىقلار ئامېرىكا ئالغا سىلجىتىۋاتقان «يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى»غا توسالغۇ بولىدىكەن. دۆلەتلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان پەرقلەر ئامېرىكا، غەربتە ھەممىشە باشقىلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى باشقىلارنى يوقىتىشتەك ھاياجانلىنىش شەكلىدىكى ئىنكاس پەيدا قىلىدىكەن، بۇمۇ «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى»نىڭ ھازىر يەنە ئەۋج ئېلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئىچكى سەۋەبىدۇر.

ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە غەربچە دېموكراتىيەنى يولغا قويۇش بىلەن باغلاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى. ھالبۇكى، «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى نەزەرىيەسى» ئاساسىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرى كۆزلىگەن نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، يەنە يەر شارىۋى تېررورىزمنى «تېررورلۇققا قانچە قارشى تۇرغانسېرى شۇنچە ئەۋج ئېلىش»تەك غەلىتە چەمبىرەككە كىرگۈزۈپ قويدى. ئىگىلىك ھوقۇقى ئۆلچىمى جەھەتتە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خەلقئارا تېررورىزمغا چېگرادىن ئۆتۈپ زەربە بېرىشتىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېررورىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسى دەل غەربچە دېموكراتىيە قىممەت قارىشىنىڭ تارقىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، قوپاللىق بىلەن قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئارىلىشىش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىشە بۇ دۆلەتلەرنىڭ پۈتۈن جىسمىنىڭ جاراھەت بىلەن قاپلىنىشى، پۇقرالىرىنىڭ يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)